
دوكتور نىمەتۇللاھ رەشىدى



## ئۇيغۇرئىلى - ئۇيغۇرىستان ھەققىدە

# 101 ئەگەر



دوكتور نىمەتۇللاھ رەشىدى

ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم :

سىياسەت-نەتىجە سەنئىتى، ئۇستات مەسىلىسىدۇر. دەۋلەت-ئەنئەنە مەسىلىسىدۇر. تارىخ-ئىبرەت ئىلىشقا ۋە قۇلاق سېلىشقا تېگىشلىك ئادىل دوست ۋە شاھىتتۇر، دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى پايدا زىيانىنىڭ ھېساپ دەپتىرىنى تۇتىدىغان، مەنىۋى جەدىۋىلىنى سىزىدىغان ئانا بىلىمدۇر .

دەرۋەقە 20 ئەسىرنىڭ 30 يىللىرىدىن بىرى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت بۇ سىياسىي پائالىيىتىمىزدە گەرچە ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت ئىلان قىلىپ تارىخ بېتىدە شانلىق ئىزلار باسقان بولساقمۇ ،ئەمما ئىنقىلاپ مېۋىلىرىنى قوغداپ قىلىشقا قادىر بولالمىدوق. كېيىنكى زامانلاردا خەلقئارا سەھنىلەردە يۈرگۈزۈپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدىنمۇ ھېچبىر نەتىجە ئالالمىدۇق .

بۇخۇلاسىنى داۋانىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر رەھپىرى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەفەندى شۇ شەكىلدە تىلغا ئالىدۇ :

«ئۇزامانلار پۈتۈن دۇنيا بۇ دەھشەتتىن تاماشا كۆرۈپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دات پەرياتلىرىنى ھېچ كىم ئۇخمىدى. مەن بۇ ئەھۋالنى ئىنسانلىق ئالىمىگە، دىنداشلىرىمىزغا، قېرىنداشلىرىمىزغا بىلدۈرۈش، چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراش ئۈچۈن ئوتتورا شەرىق، ئۇزاق شەرىق دۆلەتلىرىنى ساياھەت قىلدىم.

38 – 40 يىللىرى ئارىسىدىكى بۇ ساياھىتىم جەريانىدا جوڭگو، فىلىپىن، سىنگاپور، سەيلون، ھىندىستان، سەۋۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، تۈركىيە، لىۋان ،سۈرىيە، ئىراق، ئىران، ئاۋغانىستان ،بىرما قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىپ ئۇلارنىڭ دۆلەت ئەرباپلىرى ،سىياسىي ،دىنىي ۋە مىللىي داھىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈم . ئىچىنىشلىق يېرى

شۇكى : شەرقى تۈركىستانىنىڭ دەردى داۋالىرنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقىنىم ئۇ دۆلەتلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ مەشھور ئەرباپلىرىدىن ھىچ قانداق ياردەم كۆرەلمىدىم ۋە ئالالمىدىم. خۇسۇسەن تۈرك دۇنياسىنىڭ مەنىۋى رەھپىرى. يىگانە ئۆمۈت بۇلىغى، باش پاناھى ئەزىز تۈركىيەمىزدە 1954- يىلىدىن ئىتىبارەن ھەر ئۆزگۈرۈشتە دىگىدەك دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت رەئىسلىرىمىزگە، دۆلەت مۆتىۋەرلىرىمىزگە، دىنى، مىللى ۋە سىياسى رەھپەرلىرىمىزگە شەرقى تۈركىستانىنىڭ دەردى-داۋالىرنى چۈشەندۈردىغان مۇختىرالار، مەكتۇپلار تەغدىم قىلدىم. بەزىلىرى بىلەن بىۋاستە كۆرىشىپ چۈشەندۈردۈم . كىتاپلار، مەجمۇئەلەر، مەلۇماتلار، قوللانمىلار نەشىر قىلدۇردۇم. ئەپسۇسكى پۈتۈن بۇ ئەجىرلىرىمگە، زىيارەتلىرىمگە، غەيرەتلىرىمگە تۈشلوق دىنداشلىرىمىزدىن، ئىرىقداشلىرىمىزدىن، ئىنسانلىق ئالىمىدىن ياردەم كۆرەلمىدوق .»(3)

[ ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتىكىن « ئەسىر شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن» 9. 10. بەتلەر تۈركچە نەشرى ئىستانبول 1985 ]

*’’Esir Doğu Türkistan İçin” ( İsa Yusuf Alptekin’in Mücadele Hatıraları) 9., 10s. Doğu Türkistan Neşriyat Merkezi 1985 İstanbul.*

ئەجابا نىمە ئۈچۈن؟

بۈيەرىدىكى تۈپ مەسىلە مىللىتىمىز ۋە مىللى مۇستەقىللىق ئىنقىلابىمىزنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسى پىرىنسىپ ۋە غايىسىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇت ئىمكانىيەتلىردىن ھالقىغان پانتۈركىزىم (كەڭ تۈركچىلىك)، پانئىسلامىزىم (كەڭ ئىسلامچىلىق) غايىسى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقى، مىللەتنى ئىرقى ئاساسىقا يۆلەپ،

پۈتۈن تۈركلەرنى بىر مىللەت، بىر ۋەتەن، بىر دەۋلەت، بىر بايراق ئاستىدا ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسى بىرلىكنى مەخسەت قىلغان ئىمكانسىز ئارزۇ ھەۋەسلەرنىڭ پىشىغا

چۆشكەنلىكى، بۇ خائىش ۋەجىدىن دۇنيا جامائىتىنى ئۆركۆتكەنلىكىدىن، پۈتۈن تۆركلەرنىڭ بىرلىكىدىن ئەندىشە قىلغان روسلار بىلەن خىتايلارنى ھەمكارلىقتا زورلىغانلىقىدىن، مىللى ئىنقىلاپلىرىمىزنى بىللە بىسىقتۇرۇشقا تۆرتكە بولغانلىقىدىن ئىبارەت ...

ھالبۇكى، پانتۆركىست ۋە پانئىسلامىست بولۇشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتىكىن ئەفەندى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەچكە، ئىزباسار سىياسەتچىلەر تەرىپىدىنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ۋازكىچىلمەس ئادەت كۆچىگە ئايلىنىپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ئىدىئولوگىيەسى ھالىغا كەلگەنلىكى مەلۇم.

*……..Milliyetçiler ve Çinciler (Hıtayperesler), İli'din gelenlere (vekillere), ''Kızıl kuyruklar" adını taktılar. ''Hurracilar" adını taktılar. Ruslarda alkış ve hücum sözü olan ''Hurra" da. Solcular da bu tarafa "Çinci, Panturkist, Panislamist" gibi isimler takıyorlardı. Halbuki Pantürkist veya Panislamist olmak bir şereftir. Bütün esir Türkler kurtulsun, bir devlet haline gelsin, Bu kötümü ? Bu Rusya'nın en çok korktuğu fikirdi…*

«...مىللەتچىلەر ۋە خىتايچىلار. ئىلىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى "قىزىل قۇيرۇقلار" ، "ھۇرراچىلار" دەپ ئاتىۋالدى. "ھۇررا" دىگەن سوز رۇسلاردا ئالقىش ۋە ھۇجۇم مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ. سولچىلارمۇ بۇ تەرەپتىكىلەرنى "خىتايچى"، "پانتۇركىست"، "پانئىسلامىست" دەۋالدى. ھالبۇكى، پانتۇركىست، پانئىسلامىست بولۇش بىر شەرەپتۇر. پۈتۈن ئەسىر تۇركلەر بىر دەۋلەت ھالىغا كەلسە يامانمۇ ؟ بۇ رۇسىيەنى ئەڭ قورقىتىدىغان فىكىر ئىدى... »

*''Esir Doğu Türkistan İçin" (İsa Yusuf Alptekin'in Mücadele Hatıraları) 461 s. Doğu Türkistan Neşriyat Merkezi 1985 İstanbul.*

خەلقىمنىڭ تەغدىرىگە بولغان ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىم ۋە ۋىجدانى بۇرچۇم مىنى تىببى داۋادىن ھالقىپ سىياسى داۋاغىمۇ يۈزلۈنۈشكە، جۈملىدىن بۇ خۇسۇستا قەلەم

تەۋرىتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئون يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىدە *1994*- يىلى «ئۇيغۇر نەگە بارىدۇ؟» سەرلەۋھەلىك بىر كىتاپ يازغان ئىدىم. بۇ كىتاۋىم ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم زىيالىلار ئاراسىدا قولىيازما شەكلىدە تارقىتىلغان بولسىمۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىجابى ئىنكاس ئالالماي، ئەكسىچە ھەرخىل چەكلىمىلەرگە، ھەتتا تەھدىتلەرگە ئۇچراپ نەشىر قىلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان ئىدى...ھەتتا مىنى سىياسى داۋادىن ۋاز كىچىپ تەكرار تىببى داۋاغا يۈزلىنىشكە، بۇ ساھادا مۇۋاپىقىيەت قازىنىشقا زورلىغان ئىدى...

ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، خەلقىمىنىڭ ئىنتىزارى تۈپەيلىدىن بۇ ئەسىرىمنى قايتىدىن رەتلەپ، ئاساسلىق مەزمۇنلارنى “ *101* ئەگەر” شەكلىدە ئىخچاملاپ، دىققەت - ئىتىبارىڭلارغا ھاۋالە قىلىشنى، ئاندىن تولۇق نۇسخىسىنى سۇنۇشنى مۇناسىپ كوردۇم...

مەخسەت قايمۇققان، گاڭگىرىغان، تەمتىرىگەن ئۇيغۇر خەلقىنى بىر ئان ئاۋۋال مىللى ئاڭ، مىللى غۇرۇر، مىللى ھىسيات، مىللى كىملىك ۋە مىللى ئوزلۇكىگە ئىرىشتۇرۇش، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۇيغۇتۇش، ئىچكى-تاشقى ئىمكانىيەتلەرگە كورە توغرا سىياسى غايە تاللاشقا دالالەت قىلىشتۇر.

ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم :

ئەجابا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى *13*– جۇمھۇرباشقانى مۇھتەرەم رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ جۇمھۇرباشقانلىق سولتىدىكى *16* يۇلتۇزنىڭ بىر دانىسى تارىختىكى ئۇيغۇر دولتىنىڭ ئىشارىتى ئىكەنلىگىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ ؟

دەۋلەت – ئەنئەنە مەسىلىسىدۇر. ئەجابا بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيەدە بۇ تەرزدە خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان، دۇنيا جامائىتى ھەتتا خىتاي تارىخچىلىرى تەرىپىدىنمۇ ئىتراپ قىلىنغان *1270* يىللىق تارىخى ئۇيغۇر دەۋلىتى *(744 – 1335)* ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنىمىز تۇزۇكمۇ ياكى تارىختا قۇرۇلۇپ باقمىغان تۈركىستان دەۋلىتىگە ياكى قۇرۇلغان تەقدىردىمۇ دۇنياچە ئىتراپ قىلىنمىغان *85* يىللىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنىمىز تۇزۇكمۇ ؟

كۈنىمىزدە خىتاي زۇلمى ئاستىدا تىخىچە ئىزىلىۋاتقان، شىلىنىۋاتقان، خارلىنىۋاتقان، زارلىنىۋاتقان، خورلىنىۋاتقان، زورلىنىۋاتقان، قىقىلىۋاتقان، سوقۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى، ئۇيغۇر مىللى كىملىكىنى، ئوزلۇكىنى گەۋدىلەندۇرەلەيدىغان، دۇنيا جامائىتى ھىسداشلىق قىلالايدىغان مەنتىقلىق غايىنى تاللىغىنى توزۇكمۇ ياكى يەتكىلى بولمايدىغان بۇيۇك تۇركىستان خام-خىيالى بىلەن دۇنيانى ئۇركۇتۇپ ئوزىنى ئاۋارە قىلغىنى توزۇكمۇ؟ بۇ ئۇيغۇر داۋاسىغا كوڭۇل بولىدىغان سىياسەتچىلەر، تارىخچىلار، مىللەتچىلەر ۋە ئۇممەتچىلەرنىڭ دىققەت ئىتىبارىغا ھاۋالە قىلىدىغان جىددى مەسىلىدۇر .

ھىندىلاردا شۇنداق بىر ماقال بارمىش: “نادان، جاھىل ئىنسانلارنىڭ پىكرىنى ئوزگەرتىش – تىمساقنىڭ ئاغزىدىن مەرۋايىت ئېلىشتىنمۇ ياكى يىلاننىڭ بىشىغا گۇلدەستە قويۇشتىنمۇ تەس ئىش.”

ئادەتلەنگەن كوزقاراشلارنىڭ بويۇنتۇرۇغىدىن قۇتۇلالمىغان شەرقى تۇركىستان لىق دوستلارغا ئۇيغۇر كىملىگىدىن ئىبارەت بۇ ئورتاق نوختىدىن ھەركەت قىلىشنىڭ، ئۇيغۇر دەۋلىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زورۇرىيەتىنى ئۇختۇرالماسلىقنىڭ ئازابىنى چەككەن بولساممۇ، بۇ خۇسۇستىكى ئىلمى تەتقىقات ۋە يەكۇنلىرىمدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئومىت-ئارزۇلىرىمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمىدىم. ئەكسىنچە، بۇ جەرياندا تىخىمۇ كەڭرى، تىخىمۇ چوڭقۇر ۋە تىخىمۇ كۇچلۇك ئىلمى مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. شۇنداقتىمۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ سادىر بولىشى تەبىئى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھالىغا كويۇنگەن، تەقدىرىگە قىزىققان ھەرساھا ئەرباپلىرىنىڭ تارىخى ھادىسەلەرنى ئىلمى يۇسۇندا تەتقىق قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، مەۋجۇدىيەتلەرگە ھورمەت قىلىش ئاساسىدا ئاقىلانە جەسۇرانە مۇئامىلە قىلىشىنى ئۇمىت قىلىمەن.

دادام رەھمىتىنىڭ “سۇس مۇسۇلماندىن چۇس كاپىر ياخشى ”دىگەن نەسىھەتى ھىچ ئەقلىمدىن چىقمايدۇ. مەجبۇرىيەتتىن شەكىللەنگەن بىر مەھەللىك سۇسلۇقنى چورۇپ تاشلاپ چۇسلۇقتا يۇزلۇنۇپ، ھەر ئىھتىمالنى نەزەر ئىتىبارغا ئېلىپ خەلقىمنى توغرا سىياسى غايە تاللاشقا دالالەت قىلىشنى ۋىجدانى بۇرچۇم دەپ بىلدىم.

خىتايلاردا “不要吃老本要立新功” دەيدىغان بىر گەپ بار. يەنى “دەسمىنى كوشەۋەمەي يېڭىلىق ياراتقان تۈزۈك” دىمەكچى... بىز ئۇيغۇلار تارىختا بۈيۈك ئىمپىرىيە ۋە بۈيۈك دەۋلەتلەر قۇرغان تۇرۇغلۇق، شۇنچە تارىخى مۇجىزەلەر، ئەسەرلەر،

يادىكارلىقلار، يالدامىلار ياراتقان تۇرۇغلۇق نىمە ئۈچۈن مۇستەقىل دەۋلەت قۇرالمىدۇق... ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشىمىز، يېڭىلىق يارىتىشىمىز، مۇۋاپىقيەتسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى خەختىن كورۇپ” ئورۇس ساتتى، خىتاي ئاتتى، ئۇيغۇر ياتتى” دەيدىغان ھىسسى يەكۈنلەر بىلەن ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالدىماسلىقىمىز لازىم.

ئۆتكەن-كەچكەن بالايى ئاپەتلەرنىڭ، تارتقۇلۇق-كورگۈلۈكلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ئاڭسىزلىغى، نادانلىغى، بوشاڭلىغى، بوزەكلىگى، ئاخماقلىغى، جاھىللىغى ۋە ئىناقسىزلىغىنىڭ كاساپىتى، ئۆزگىدىن كايىشنىڭ ھاجىتى يوق... قىنقىسى، تارىختىن بېرى مەدەنىيەت ئۈستۈنلىگى بىلەن كۈچلۈك ئىمپىرىيە ۋە دەۋلەتلەر قۇرۇپ مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانا ۋەتىنىنى يەنى ئۇيغۇر ئىلىنى مەنتىقلىق تەفەككۇر ئىچىدە ئىسپاتلاشقا قادىر بولالمىدۇق. ھەتتا، خىتاي ئاساسقانۇنىدا بېرىلگەن مىللى ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى قوغداشنىمۇ بىلەلمىدۇق...

ھەممىدىن ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى: بۈگۈنكى كۈندە خىتاي ئاساسقانۇنىدا بېرىلگەن مىللى ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى بىلەن ئۆزىمىزنى قوغداشنى تەرغىپ قىلغانلىغى ئۈچۈنلا تۈرمىگە تاشلانغان جەڭگىۋار ئۇيغۇر پەرزەندىسى ئىلھام توختىغا جازا ئۈستىگە جازا يۈكلەپ خائىنلىككە چىقىرىشقا، ھەتتا ئۇيغۇر تارىخىدا ئوچمەس ئىزلار ياراتقان ھۆرمەتكە سازاۋەر داھىلىرىمىزدىن مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمىنى مۇناپىقلىققا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، شۇمخەۋەردىن شوھرەت تاپىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ زىيالىلارنى يېتىشتۇرۇۋالدۇق....

بۈگۈنكى مەنپىئەت دۇنياسىدا، ھېچقانداق دەۋلەت كىچىك مەنپىئەت ئۈچۈن بۈيۈك مەنپىئەتىنى قۇربان قىلمايدىغانلىغىنى، مەنپىئەتتىن ھالقىغان خەيىر-ساخاۋەتنىمۇ مەۋجۇت ئەمەسلىگىنى،

مىللى مەنپەئەتنىڭ ھەرقانداق شارايىتتا ھەرقانداق سىياسى خائىشتىن ۋە دىنى ئېتقاتتىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق ...

شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە، خەلقىمىزنىڭ مۇقەددەس مەنپەئەتىگە تاقاشقان ئەڭ مۇھىم مىللى مەسىلە: ئورۇستىن (سوۋېت ئىتتىپاقى) پايدىلىنىپ خىتايدىن قۇتۇلۇشمۇ ياكى ئورۇس بىلەن زىتلىشىپ خىتايغا تۇتۇلۇشمۇ؟ دىگەن جىددى سوئالدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خۇسۇستا خەلقىمىز ھەر قانداق بەدەل تولەشكە، قۇربان بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇندىن باشقا ھىچقانداق چىقىش يولىمۇ يوق ئىدى.

ئەگەر تەقدىرىمىزنى ئويلايدىغان مىللەتچى، ئۇممەتچى رەھپەرلىرىمىز بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ مەنپەئەت تارازىسىنىڭ  ھىساپ-كىتاۋىدىن مەنتىقلىق يەكۈن چىقىرىشقا قادىر بولالىغان بولسا ئىدى، بىز بۇ كۈنگە قالمىغان بولاتتۇق، تاشقى مونغولىيەچىلىك سىياسى مەۋقىگە ساھىپ بولاتتۇق،، بۇنى شەرقى تۈركىستانلىق رەھپەرلەردىن ئۇمىدىنى ئۈزگەن سوۋېت ھوكۇمىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا خىتاي گېنىرال تاۋسىيوغا قىلغان مۇستەقىللىق تەكلىپىدىن ۋە مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن مەرھۇم  ئەيسا يۇسۇپ ئالپتەكىن ئەفەندىنىڭ بىتىمدىن كيىن جاڭ جىجوڭ نىڭ نەنسەن دە بەرگەن زىياپىتى جەريانىدا قىلىنغان سوھبىتىدىن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن....

*’’Esir Doğu Türkistan İçin” (İsa Yusuf Alptekin’in Mücadele Hatıraları) 469, 470, 471, 478 s. Doğu Türkistan Neşriyat Merkezi 1985 İstanbul.*

ئەگەر نوقۇل تىل ئوخشاشلىغى بىلەن بىرلىشىپ بىر دەۋلەت بولىۋالىدىغان ئىش ئۇنچە ئوڭاي بولىدىغان بولسا، جانابى ئاللاغا تىلىنى ياقتۇرتۇپ قۇرئانى كەرىمنىڭ نازىل بولىشىغا سەۋەپچى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممىتىدىن بولغان ئەرەپلەر ئاللابۇرۇن بىرلىشىپ بىر دەۋلەت بولىۋالغان بولاتتى...

ئىسرائىلغا قارشى بىر جان-بىر تەن بولۇپ تاقابىل تۇرالىغان بولاتتى...  شۇنىڭدەك لاتىن ئامېركىسىدىكى ئىسپان تىلىدا سوزلىشىدىغان دولەتلەر، ياۋروپادىكى نېمىس تىلىدا

سوزلىشىدىغان دولەتلەر، ئافرىقىدىكى ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىلىدا سوزلىشىدىغان دولەتلەر، بىربىرىگە يان-خوشنا بولغان ئامېرىكا بىلەن كانادا، تۈركىيە بىلەن شىمالى سىپرۇس تۈرك جۇمھۇرىيىتى، ھەتتا بىر- بىرىنى بىر مىللەت ئىككى دولەت دەپ تەرىپلىگەن ئازاربەيجان ۋە تۈركمەنىستان، تۈركىيە بىلەن ئاللابۇرۇن بىرلىشىۋالغان بولاتتى...

ئەگەر نوقۇل دۇئا-تەكبىر بىلەن ھەر ئىش ئوڭشاي ھەل بولىدىغان بولسا دۇنيانى ئىچىندۇرۇۋاتقان پەلەستىن مەسىلىسى مىليونلىغان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇنچە دۇئاسى بىلەن ئاللا بۇرۇن ھەل بولغان بولاتتى... ئەرەپ دۇنياسى ھەممىدىن بەك گۈللەپ ياشنىغان بولاتتى. ئىناقسىزلىق پاتقىقىغا بۇنچە پاتمىغان بولاتتى... بىر زامانلار جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن ياراتىلغان ئىسرايىل ئەۋلاتلىرى (باقارا سۈرەسى47. ۋە 122. ئايەتلەر) ئاللابۇرۇن جازالىنىپ ۋەيران بولغان بولاتتى ... خىتاي ئىمپېرىئالىزمى بۇنچە كۈچىيىپ دۇنيانى ئۆركۈتكىدەك ھالغا كەلمىگەن بولاتتى...قىسقىسى، كەسپى دۇئا بىلەن شۇغۇللانغان بارلىق ئولىمالار، ئىمام - مەزىنلەر ھەتتا قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى بېيىپ كىتىپ دۇنيانىڭ خوجىسىغا، زەردارلىرىغا ئايلانغان بولاتتى... بىر مىللەت، بىر دولەتنىڭ تەرەققىياتى، پەقەت ئومۇميۈزلۈك ئىلىم- مۇئارىپ ۋە پەن-تېخنىكىغا دەسمى سىلىشقا، ئەقىل-پاراسەتىنى جارى قىلدۇرۇشقا باغلىقتۇر. كۈچ-قۇۋەت بىلىمدىندۇر، سائادەت ئىلىمدىندۇر.

بىز ئۇيغۇرلاردا "بۇغداي ئۈنمىگەن يەرگە ئارپا تېرىپ باق" دەيدىغان بىر ماقال بار. بىز بۇ مۇنبەت تۇپرىقىمىزغا سۈپەتلىك ئۇرۇقلىرىمىز تۇرۇغلۇق بىر نەرسە ئۈندۈرەلمىدۇق. ھەتتا ئۈنۈپ چىققىنىنىمۇ پەرۋىش قىلالمىدۇق... بۇ تەۋسىيەم ئۇيغۇر داۋاسىغا كوڭۈل بولگەن مىللەتچى، ئۇممەتچى، سىياسەتچى، تارىخچى، ئىنقىلاپچى دوستلارنىڭ ۋە ستراتىگىيە مۇتەخەسسىلىرىنىڭ تەكرار باشقاتۇرۇپ بىقىشىغا تۇرتكە بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس..

ئۆزۈن گەپنىڭ قىسقىسى:

1. ئەگەر تۈرك ئەينىشتەيىنى پرافىسور دوكتور ئوكتاي سىنان ئوغلۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇيغارلىغى ھەققىدىكى باھالىرىدىن ئىلھام ئىلىشنى، شانلىق تارىخىمىزنى ئوگۇنۇشنى،

ئۇيغۇر كىملىگىمىزنىڭ قەدىر قىممىتىنى بىلىشنى، چۈشۈنۈشنى خالىساق،

*“ Türk Dünyası, hatta bütün insanlık Uygur’lara çok şey borçludur. 2 bin, 3 bin yıl önce Uygur’lar gelmiş geçmiş en büyük medeniyeti kurmuşlar, Dünya’ ya insanın refah ve saadetini önde tutan devlet anlayış ve yönetim düzenini, birçok sanat ve tekniği, en ileri tarım, sulama ve bostancılığı icat etmişlerdir. Sonraki Türk devletlerinin, Osmanlı dâhil büyük başarıları işte Uygur’lardan geliyor. 1950’lerde Doğu Türkistan’da Don Huang mağaralarına gizlenmiş Uygur dilinde binlerce el yazmaları, kitaplar bulundu. Yirmi yıl önce, Japonya’daki yoğun etkinliklerim sırasında Japonların ilgisi uyandı. Şimdi araştırmalar yapıyorlar. Japonlarla ortak bir UYGUR ARAŞTIRMALARI MERKEZİ kurmalıyız. Hızla Osmanlı arşiv belgelerimizi araştıracak bir bilim ordusu yanında, bir de çok sayıda Uygur dili yazısı, tarihi uzmanları yetiştirmeliyiz. ”*①

*http://www.uygurunsesi.com/Default.asp?mxz=haber&hid=521*

«تۈرك دۇنياسى، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانلىق ئالىمى كۆپ ئىشلاردا ئۇيغۇرلارغا قەرىزداردۇر. بۇندىن *2000 – 3000* يىل ئاۋۋالقى ئۆتكەن كەچكەن ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتنى ئۇيغۇرلار ياراتتى. دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ بەختى– سائادىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن دۆلەت چۈشەنچىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى، نۇرغۇن سەنئەت ۋە تېخنىكىلارنى، ئەڭ ئىلغارتېرىقچىلىق، سۇغۇرۇش ۋە بوستانچىلىقنى ئۇيغۇرلار ئىجات قىلدى. ئوسمان دۆلىتى داخىل قىلىنغان، كېيىنكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋاپىقىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن. *1950*. يىللىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ دۇن خۇاڭ ئۆڭكۈرلىرىدىن يۇشۇرۇنۇپ قالغان بىرەر مىڭ ئۇيغۇرچە قولىيازما ۋە كىتاپلار تېپىلغان. يىگرمە يىل ئاۋۋال، ياپونىيەدىكى پائالىيەتلىرىم ياپونلارنىڭمۇ دىققىتىنى چەكتى.

هازىر ئۇلارمۇ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. ياپونلار بىلەن بىرلىكتە "ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى" قۇرۇۋشىمىز كېرەك. دەرھال ئوسمان ئارخىپلىرىدىكى بەلگەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىلمى قوشۇن قۇرۇۋشىمىز، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ۋە تارىخ مۇتەخەسسىلىرىنى يېتىشتۇرۇۋشىمىز كېرەك.» *http://www.uygurunsesi.com/Default.asp?mxz=haber&hid=521*

*2*. ئەگەر جانابى ئاللاھ ئۇيغۇر دەپ ياراتقان، ئاتا-ئانىسى ئۇيغۇر دەپ تاپقان، ئۇزىنى ئۇيغۇر مىللىتى دەپ تونۇيدىغان ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ئۇيغۇر پەرزەندىسى نىمە ئۇچۇن ئوز ۋەتىنىنى باشقا تۇركى قېرىنداشلىرىدەك ئوز ئىسمى بىلەن ئاتاشقا جۇرئەت قىلالمايدۇ؟ دۇنيادا ئومۇميۇزلۇك قىلىپلاشقان بۇ مەنتىقلىق تەفەككۇرنى نىمە ئۇچۇن ئىدراك قىلالمايدۇ؟ بۇمەنتىقسىزلىقنىڭ ۋىجدان ئازابىنى قاچانغىچە چېكىدۇ؟ خەلقىمىز بۇ كىتىشتە نەگە بارىدۇ؟ بۇ خۇسۇستا ھېچ باش قاتۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟ دەيدىغان بىر يۇرۇش جىددى سۇئاللارنى ئويلۇنۇشقا، سىرلىق سەۋەپلىرىنى تېپىشقا دەۋەت قىلىشنى، بۇنىڭ بىر ۋىجدان، غۇرۇر مەسىلىسى ئىكەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

*3*. ئەگەر جانابى ئاللاھ نىڭ ئىنسانلارنى يالغۇز بىرلا ئىسلام ئۇممەتتىدىن ئەمەس، خىلمۇ-خىل دىنلەرگە ئىتقات قىلىدىغان سان-ساناقسىز مىللەتتىن ياراتقانلىغىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ئىدرااك قىلىشنى ، بۇگۇنكى مەنپىئەت دۇنياسىدا ، ئۇممەت مەنپىئەتىدىن مىللەت مەنپىئەتىنىڭ ئەلا ئىكەنلىگىنى، ئۇممەتچىلىكتىن مىللەتچىلىكنىڭ ئەلا ئىكەنلىگىنى، ئىسلام ئۇممىتىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەلا ئىكەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

*4*. ئەگەر ئالەمنىڭ ئىگىسى، پۇتۇن مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى جانابى ئاللاھ نىڭ ئۇيغۇر بەندىسىنى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئىڭى، ئۇيغۇر روھى، ئۇيغۇر كىملىگى، ئۇيغۇر ئوزلۇكى بىلەن بىللە ياراتقانلىغىدىن ئىبارەت بۇ ئىلتىپاتىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

*5*. ئەگەر ئۇيغۇر داۋاسىنى تاكتىكا (جەڭۋازلىق) ۋەجىدىن تارىخى ئەرەپ-تۇرك دۇشمەنلىگىنىڭ سەلبى تەسىرىدىن ساقلىنىشنى بىلىشنى خالىساق،

”...باللىق دەۋرىمدە، قاچانلا بولمىسۇن ئاسماندا بىر ئۇچاق (ئايروپىلان) كورسەم، ئوز-ئوزەمگە غىڭشىپ شۇ ناخشىنىڭ مەنىسىنى تەنقىت قىلاتتىم ۋە ”ئەي تەڭرىم، ئىنگلىزلەرنى كوزدىن يوقات” دەيتتىم. كىينچە بۇ سوزلەرنىڭ بىزگە مەملۇكلار دەۋرىدىن قالغانلىغىنى ئۇختۇم. ئاتا-بوۋىلىرىم بۇ خىل بەددۇئالارنى (قاغشلارنى) تۇركلەرگە قارشى قوللۇنۇپتىكەن ۋە ”ئەي تەڭرىم، سەن تۇركلەرگە بىر بالايى ئاپەت بەرگىن” دەيدىكەنمىش. .ئەسلىدە، مەن غىڭشىغان ناخشا كونا قىلىپنىڭ يىڭى تۇيغۇغا كەلتۇرۇلگەن شەكلىمىش ...”

جامال ئابدۇل ناسىر (سابىق مىسىر باشىاكىمى- پرىزدېنتى 1970 - 1918 )

*İlhan Arsel, Arap Milliyetçiliği ve Türkler, 1 s. İnkılab Kitabevi 1987 İstanbul*

6. ئەگەر ئۇيغۇر داۋاسىنى تاكتىكا (جەڭۋازلىق) ۋەجىدىن دۇنيا سىياسى سەھنىسىدە، خۇسۇسەن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا مىقياسىدا يۇز بېرىۋاتقان تۇرك-ئىسلام دۇشمەنلىگىنىڭ سەلبى تەسىرىدىن ساقلىنىشنى بىلىشنى خالىساق،

*”...Turks: n. ...violet unscrupulous person, a rougish creatune. Don’t let this terrible Turk take from your till...” Stanfort Dictionary of Anglicised Words and Pharases 1964.*

” ...تۇرك– ئىسىم. ئەشەددى ئەدەپسىز ئادەم. قوپال مەخلۇق. بۇ پالاكەت تۇرككە ھەمىيىنىڭىزدىن پۇل ئالدۇرۇپ قويماڭ...”

*1964* – يىلى ئامېرىكىدا نەشىر قىلىنغان «ستانفورت ئىنگلىزچە سۆزلەر ۋە دىيىملەر لۇغىتى» دا *Stanfort (Dictionary of Anglicised Words and Pharases)* «تۈرك» سۆزى شۇ شەكىلدە ئىزاھلانغان.

ئامېرىكىدىكى تۈرك دۈشمەنلىگىنى “ *Whashigtone Post* ” گېزىتىنىڭ *1990*. يىلى *3*. سېنتەبىر ساندا ئېلان قىلىنغان شۇ ئىبارەلەردىنمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

*NFA’s most personal insult being cut. The process of making a cuts… has given birth to one of pro-football’s mystical and fread figüre: The turk. ‘’The turk” … a name drived from the vision of a sword-wielding Arab is the individual chosen to deliver the dreaded words the soon-to-bedeparted players. The Word ”cut” is not ussed. It doesn’t neet to be… When it’s around cut times…I try to keep a sign around me at all times ‘’Turk Not Allowed”.*

«...ئامېرىكا پۇتبول ئىتتىپاقىدا ئەڭ قاتتىق ئىنسانى ھاقارەت – كېسىلىشتۇر (يەنى ئويۇندىن چەكلىنىشتۇر) . بىر ئويۇنچىنىڭ پۇتبولدىن كېسىلىش جەريانى، كەسپى پۇتبولنىڭ ئەڭ داستانلىق، قورقۇنچ فىگورلىرىدىن بىرسىنىڭ يەنى بىر تۆركنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئەرەب قىلىچۋازلىرىنىڭ ئەفسانىلىرىدىن ئېلىنغان بۇ «تۆرك» سۆزى، چەكلەنگەن ئويۇنچىلارغا ۋەھىمە سېلىش ئۆچۆن ئالاھىدە تاللانغاچقا، «كېسىلىش» سۆزىنى ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. كېسىلىش ۋاقتى كەلگەندە دەرھال ئەتراپقا «تۆرككە رۇخسەت يوق» دېگەن تاختىنى ئېسىپ قويۇش كۇپايە...».

(دېمەك بۇ ئىبارىنىڭ روھىدىن قارىغاندا ئامېرىكا پۇتبول ئىتتىپاقىدا جازالانغان ئويۇنچىلارنى «تۆرك» لەرگە ئوخشۇتۇپ  ھاقارەت قىلىدىغانلىقى مەلۇم).

*kurdukları hiçbir devlet başka bir devlet altında sömürüye girmemiştir. 660 yıllık osmanlı dünya'ya hükmetmiştir.*

*1.dünya savaşında gelibolu cephesinde 4 ülkeye karşı savaşıp galip gelselerde savaşı kaybetmişlerdir.*

*http://www.incisozluk.com.tr/w/d%C3%BCnyan%C4%B1n-en-cesur-5-milleti-tam-liste/*

غەرب دۇنياسى، تارىختا ھېچبىر زامان تۈركلەرنى بويسۇندۇرالىغان ئەمەس. تۈركلەر قۇرغان دۆلەتلەرنىڭ ھېچبىرى، باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ئەمەس. 660 يىللىق ئوسمانلى دۆلىتى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1- دۇنيا ئۇرۇشىدا چاناككالە گەلىبولۇ سېپىدە تۆرت دۆلەتكە قارشى ئۇرۇشتا غالىپ كەلگەن. غەرپ دۇنياسىدىكى تۈرك دۈشمەنلىكىنىڭ مانا بۇ ھەسەتتىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. بۇ ئەلۋەتتە پەخىرلەنگىدەك ئەھۋال. ئەمما ئىجابى ئىشتىن چىققان سەلبى نەتىجىلەرنىڭ تۈركچىلىك دەستىدىن ئۇيغۇر خەلقىگە قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش خاتىرلەتكىدەك ئەھۋالدۇر...

7. ئەگەر ئۇيغۇر تارىخىنى بىلەلىگەن، مىللى كىملىكىگە ساھىپ چىقالىغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ھېچبىر زامان مىللەتچىلىك تۇيغۇسىغا ھاكىم بولالمايغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقى پەقەت ئۇيغۇر كىملىكىگە، ئۇيغۇر ئۆزلىكىگە ساھىپ چىققاندىلا، ئۇيغۇر دۆلىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغاندىلا، ئۇيغۇرىزىم يولىنى تۇتقاندىلا، قۇتۇلۇش يولىنى تاپالايدىغانلىقىنى، توغرى سىياسى غايىگە باغلانمىغان بىر داۋادا تۇشمۇ-تۇشتىن ھەرقانچە چوقان سالسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

8. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئانا ۋەتىنى پەقەت ئۇ مىللەتنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغاندىلا ئۇ مىللەتنىڭ تەبىئى تونۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئومۇمى ھەقىقەتنى چۈشىنىشنى، تەبىئى تەشەببۇسىغا ئىلھام بېرىشنى خالىساق،

9. ئەگەر سىياسەتنىڭ نەتىجە سەنئىتى، دەۋلەتنىڭ ئەنئەنە مەسىلىسى، تارىخنىڭ ئىبرەت ئېلىشقا ۋە قولاق سېلىشقا تېگىشلىك ئادىل دوست ۋە شاھىت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشنى خالىساق،

10. ئەگەرخەلقىمىزنىڭ نوۋەتتىكى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنى سەۋىيەسىدىن، جوغرافى شارائىتىدىن ۋە مەۋجۇت ئىمكانلىرىدىن ھەركەت قىلىشنى خالىساق،

11. ئەگەر ئۇيغۇر ئىلىنىڭ ئىستىقلالىنىڭ زەرۇرىيىتىنى ۋە ئىمكانىيىتىنى چۈشۈنىدىغان ھەرقانداق سىياسى كۈچ بىلەن بىرلىكسەپ قۇرۇشنى خالىساق،

12. ئەگەر ئىككى قېتىملىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئاقىبەتلىرىدىن تەجرىبە ساۋاق ئىلىشنى، تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشنى خالىساق،

13. ئەگەر تۈركلىك داۋاسىنى ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا ئەمىلىلەشتۈرۈشنىڭ ئۇيغۇن تاكتىكىسىنى تاللاشنى، ھەقىقى ستراتىگىيەنىڭ نىمىلىگىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

14. ئەگەر، ”شەرقى تۈركىستان” داۋاسىنىڭ سىياسى غايىسىنىڭ پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزىم ئىكەنلىگىنى ئېتراپ قىلىشنى، ”پانتۈركىزىم” ۋە ”پانئىسلامىزىم” غايەلىرىنىڭ نىمىلىگىنى بىلىشنى، پايدا-زىيىنىنى دەڭسەپ بېقىشنى سەلبى تەسىرلىرىدىن ساقلىنىشنى، ئىمكانسىز ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە يۈگەن سىلىشنى خالىساق،

ئەجابا، پانتۆركىزىم دىگەن نىمە ؟

تۆركچىلىك پانتۆركىزىم – تۇرانچىلىق – پانتورانىزىم – ئوسمان ئىمپىراتۇرلۇقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئوسمانچىلىق ۋە ئىسلامچىلىق ئېقىمىغا قارشى، پۆتۆن تۆرك ئىرقىنى بىر ۋەتەن، بىر بايراق ئاستىدا بىرلەشتۆرۆشنى مەخسەت قىلغان بىر خىل سىياسى ئېقىم .

مەنبە. *114* : ھاسان ئەرەن: تۆركچە سۆرلۆك *1495*، *1504*، *1157* – بەتلەر، ئاتا تۆرك تىل – تارىخ ئالى ھەيئىتى تۆرك تىل ھەيئىتى *1988* . ئەنقەرە يېڭى باسمىسى.

*Türkiye Cumhuriyeti 8. Cummhurbaşkanı Sayın Süleyman Demirel'in bu husustaki bakışlarını hatırlatmakta yarar görüyorum. Kendileri diyorki :*

*“Bir Türk olarak, bir Türk milliyetçisi olarak 'Pantürkizm'den memnun olmamak mümkün değildir. Keşke olabilse... Ama bunun pratiği yıok. Ben bunu söylerken dahi yarın birtakım kimseler tarafından istismar edileceği korkusuyla söylüyorum. Hiçbir Türk, bütün Türklerin biraraya gelmesini reddetmez. İyi ama, hayal içinde yaşayamazsınız. Fikri reddedemezsiniz. Bir gün olursa olur ama Türkiye bugün bütün Türkleri biraraya getirecek güçe sahip değil ki. Türkiye , Avrupa'dan 10 defa geridir zenginlik bakımdan. Türkiye henüz çağı yakalayamamıştır.*

*Ben bugünkü Türkiye'nin birliği için sıkıntılar içindeyken, bir 'Panturkizm ' olayı, beni dağıtır. Hatta, elimdeki birtakım kozları da alır. O zaman döner derler ki, senin ülkenin içinde de birtakım başka lisanlar konuşan, başka ırıklara mensubuz, diyen insanlar var.” '*

*Panislamizim' olayı da, 'Pantürkizim' olayı gibi, yine hiçbir devirde olmamıştır. Hiç Olmamışsa, olmaz mı? Olabilir ama, olabilirlik şartı yok bugün. Kaldı ki, kimi kiminle biraraya gitireceksiniz? [ Hulüsi Turgut, Demirel'in Dünyası: 341 s. ABC Yayınlar İstanbul, 1992 ]*

پان ئىسلامىزىم دىگەن نىمە ؟

پان ئىسلامىزىم – ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى پۈتۈنلۈكىنى قوغداش مەقسىتىدە تەشەببۇس قىلىنغان بىر خىل ئېقىم بولۇپ، مەيلى تەنزىمات (1839 – يىلى)

دىن ئاۋۋال بولسۇن ياكى تەنزىمات پەرمانلىرىدا بولسۇن «بۇ دەۋرنىڭ پىكىر – ھەرىكەتلىرىدە ۋە 1 – 2 – مەشروتىيەت (يەنى ئوسمان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ 1876 – يىلىدىكى ئاساسى قانۇنى ۋە 1918 – يىلىدىكى موندوروس موتارىقەسى دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت شەكلى) دەۋرنىڭ پىكرى ۋە ئەمەلىيلىشىش ساھالىرىدا ئورتىغا چىقتى.

يۇرتتا، ئىسلامىيەتتە ۋە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر بىرلىكنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنى دىنىي بىرلىكتىن ئىزدەيدىغان بۇ ئېقىم، خۇسۇسەن *1* مەشرۇتىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا بۈيۈك ئىلگىرلەش كۆرسەتتى. *1* – مەشرۇتىيەنىڭ ئاخىرىدىكى ئىستىبدات دەۋرىدە، ئوسمانچىلىق غايىسىنىڭ تەرك ئېتىلىش مەجبۇرىيەت ھالىغا كەلدى. چۈنكى ئوسمانچىلىق پەقەت مەشرۇتىيەت ئىدارىسى بىلەن داۋاملىشالايتتى. ئوسمانچىلىق غايىسىنىڭ تەرك ئېتىلىشى بىلەن دىنچى بىر غايىگە يەنى ئىسلامچىلىققا يۈرۈش قىلىندى. سۇلتان *2* ئابدۇل خەمىت، ئىسلامچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ھاكىم مۇتلەق ئىدارىنىڭ ھۆلى قىلدى. ئىچكى ئىدارە ۋە تاشقى سىياسەتتە بىر سىستىم قىلىپ دۆلەت ئىجرا قىلىدىغان ئىجتىمائىي سىياسىي پرىنسىپ ھالىغا كەلتۈردى. ئىسلامچىلىق ئېقىمى دىنىي ئەركىلىك دۆلەت چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلىپ دىن ۋە دۆلەت ئارىسىدا غۇلغۇلا چىقاردى. ياش تۈركلەر گۇرۇھى ئىمپىراتورلۇقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، مەشرۇتىيەتكە تايانغان ئوسمانچىلىق سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى *2*. ئابدۇلخەمىت ئىستىپداتىغا تايانغان ئىسلامچىلىق سىستېمىسىنى قوبۇل قىلدى.

*Hamza Eroğlu: Türk İnkilap Tarihi 62s. , 63s. , 484 s.   . 129*

*15*. ئەگەر مىللەت، ۋەتەن ۋە دەۋلەت ئۇقۇملىرىنى ئارىسىدىكى نازۇك پەرقلەرنى ئىدراك قىلىشنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى *840*. يىللىرىدىلا بەشبالىق ۋە قوچۇ بولگەلىرىگە يەرلەشكەندىن كېيىن  بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

ۋەتەن – مىللەتنىڭ ماكانىدۇر، قەدەم جايىدۇر، يۈرىكى سوققان يەردۇر، مەۋجۇدىيەت بۆشۈكىدۇر.

مىللەت – ھەممىدىن ئاۋۋال ئورتاق تىل رىشتىلىرىغا ساھىپ بولغان، چىگرالىرى تارىخى كۆرەشلەر ئارقىلىق سىزىلغان بىر ۋەتەنگە باغلانغان ئىنسان توپلىمىدۇر.

ۋەتەن ۋە مىللەت ئۇقۇملىرى بىر – بىرىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدىغان ئوخشاش ھەقىقەتنىڭ

ئىككى يۈزى. ئوخشاش پۈتۈنلۈكنىڭ ئىككى پارچىسىدۇر. ۋەتەن بىلەن مىللەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ۋەتەننىڭ مىللى بارلىقىنىڭ ھاياجان بۇلىغى بولۇشىدىن، ئىجتىمائى مەۋجۇدىيىتىمىزنىڭ داۋاسىنى ۋە تەركىبىنى ساقلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. مىللەت، بۇ ۋەتەن يۈزىدە ئوخشاش تىل، ئوخشاش ھېسسىيات بىلەن بىر مەدەنىيەت بىرلىكىنى قۇرغان بىر پۈتۈنلۈك ھالغا كەلگەن ئاڭلىق خەلق ئاممىسىدۇر. ئۇ بىر تارىخى بارلىقتۇر.

مەنبە *56* : ھامزا ئەر ئوغلۇ: «تۈرك ئىنقىلاب تارىخى» *385. 389* – بەتلەر

ئىرق – ئانتروپولوگىيەلىك ۋە بىئولوگىيەلىك بەزى ۋاستىلارنىڭ ئاساسەن قۇرۇلغان مەۋھۇم گۇرۇھتۇر. بىئولوگىيەلىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى نەسلىدىن نەسلىگە ئۆرگەرمىگەن قانداش بىرلىكلەر توپلىمىدۇر. ئۇ بىر بىئولوگىيەلىك ھادىسەدۇر.

مەنبە *57* : ھامزا ئەر ئوغلۇ: «تۈرك ئىنقىلاب تارىخى» *385. 389* – بەتلەر

«مىللەتنى نوقۇل ئانتىرپولوگىيەلىك مەنادا، ئىرقى ئاساسقا يۆلەش ئىلمى جەھەتتىن توغرا ئەمەس. مىللەتلەرنىڭ مەنبەسى بىر تەرەپتىن ئېتنولوگىيەلىك مەنادا ئىرق خۇرۇچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئامىل ۋە شەرتلىرىنىڭ تاماملىنىشىدۇر.

مەنبە *58* : سادرى مەخسودى ئارال: «مىللەت تۇيغۇسىنىڭ ئىجتىمائى ئاساسلىرى» ئىستانبۇل *1969*

مىللەتچىلىك – مىللەت ھەقىقىتىدىن ھەرىكەت قىلىدىغان بىر خىل پىكىر ئېقىمى بولۇپ، زامانىمىزنىڭ ئەڭ يۈرۈشلۈك ئىجتىمائى سىياسەت پىرىنسىپىدۇر. ئۇ مىللەت ۋە مىللى ئىنقىلابنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسى پرىنسىپ. بۈيۈك غايىدۇر. مىللەتنى ئازادەلىك ۋە مەمۇرچىلىققا باشلايدىغان قۇۋۋەتلىك تۇتقۇدۇر.

ھەقىقى مىللەتچىلىك – مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ھۆرىيەتتىن تۇغۇلىدۇ. ھۆرلۈكى بولىغان، ھەرخىل ئەسىرلىككە رازى بولغان بىر جەمئىيەتتە مىللى روھ راۋاج تاپمايدۇ.

مەنبە 59 : . [هاسان ئەلى يۇجەل: «هۆرىيەت يەنە هۆرىيەت» ئىستانبۇل 1962 . 4 – بەت]

زامانىمىزدا، مىللەتچىلىك نۇقۇل مىللى ھېسسىياتنى تۇرغۇزۇش مەسىلىسىلا ئەمەس بەلكى ئەڭ مۇھىمى مىللى مەنپەئەتنى قوغداش مەسىلىسىدۇر. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئىدراك قىلالىغان بىر مىللەت، مىللى غۇرۇر، مىللى ھېسسىياتنى تۇرغۇزالىشى، مىللەتچىلىك ئېڭىغا ھاكىم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.

مىللەتچىلىك ھەممىدىن ئاۋۋال شۇ مىللەتكە مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ مىللى بىر دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىشى تەبىئى. زامانىمىزدا، مىللەتچىلىك بىر سىياسى ئېقىم ھالىغا كېلىپ مۇستەقىل ئۆز–ئۆزىگە خوجا دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىمكان ياراتماقتا. ئىنسان توپىنى زامانىۋى دۆلەت قىلىدىغان كۈچلۈك پۈتۈنلۈك ھالىغا كەلتۈرمەكتە. بۇ ئارقىلىق خەلقئارا جامەتنىڭ سىياسى، جۇغراپىي ۋە ھوقۇقى جەھەتتىن يېڭىدىن تەشكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

مەنبە 60 : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» 220، 224. بەتلەر (تۈرك ئىنقىلاب تارىخى 395 – بەت 399 – بەتلەر)

ھەر مىللەتنىڭ مىللەتچىلىك چۈشەنچىسى پەرقلىق بولغاچقا، دۇنيادا قانچەلىك مىللەت بولسا، شۇنچىلىك مىللەتچىلىك چۈشەنچىسى بولىدۇ. پۈتۈن مىللەتچىلىك ئېقىملىرىنى بىر تۇتاش بىر مۇئەييەن تەرىپ بىلەن ئىزاھلاش تەس. ھەتتا ئىمكانسىزدۇر. مىللەتچىلىك، دۆلەتكە ۋە ئۇنىڭ شارائىتلىرىغا بېقىپ ئۆزگىرىشى، ئۇ دۆلەتنىڭ تارىخى تەرەققىياتى ئىچىدە پەرقلىق چۈشەنچىلەر بېرىشى مۇمكىن.

مەنبە 61 : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» 220، 224. بەتلەر (تۈرك ئىنقىلاب تارىخى 395 – بەت 399 – بەتلەر)

تارىخى تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى شەكلىدە تەرەققى قىلغان مىللەتچىلىك، غەربىي ياۋرۇپا

ۋە ئامېرىكىدا ئەركىن دېموكراتىيەنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ماس ھالدا تەرەققى قىلغانلىقى مەلۇم. ئىلمى نۇقتىنەزەردىن باھالانغان مىللەتچىلىك، ئەقىلگە قەدىر-قىممەت بېرىدىغان، ئاڭلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھادىسىدۇر.

زامانىۋى مەنادىكى مىللەتچىلىك، مەنتىقىلىق چۈشەنچىگە، ساغلام تۇيغۇغا ۋە ئادالەتكە تايىنىدۇ. ئۇ مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكىدۇر. مىللەت ئىچىدە ئىنسانى ھەمكارلىققا قىممەت بەرگىنىدەك، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ھۆرىيىتىگە ۋە ئىستىقلالىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

زامانىۋى مىللەتچىلىك ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئاڭلىق مىللەتچىلىك ياكى يوللۇق (راتسىونال) مىللەتچىلىك دېمەك مىللەتچىلىكنىڭ ئىلمى ئاچىدىن قىممەتلەندۇرۇلىشىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بىلىمگە تايىنىش، بىلىملىك بولۇشتۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى دېموكراتىيەگە يول قويۇش ۋە دېموكراتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىشىدۇر.

مەنبە *62* : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» *220*، *224*. بەتلەر (تۈرك ئىنقىلاب تارىخى *395* – بەت *399* – بەتلەر)

*Prof. Dr. Sadi Maksudi Aral* شۇنداق دەيدۇ: «ئاڭلىق مىللەتچىلىك ماھىيەت ۋە مايىللىق ئېتىبارى بىلەن دېموكراتىك روھى ھادىسىدۇر. شۇڭلاشقا ئاڭلىق مىللەتچىلىك پەقەت ھۆر ۋە خەلقچىل مىللەتلەردە روناق تاپالايدۇ»

مەنبە *63* : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» *220*، *224*. بەتلەر

مىللەتچىلىك – ئىرقچىلىق، ئالەمچىلىك (كوزموپولىتىزىم) ئۈممەتچىلىك، شوۋىنىزىم، دۆلەتچىلىك (توتالىتارىزىم) ۋە كوممۇنىزىم قاتارلىق ئېقىملارغا قارشىدۇر. مىللەتچىلىكنى بۇ ئېقىملار بىلەن چىقىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

«ئىلمى ئاچىدىن بىر پەرەزگە تايانغان ۋە ئىمپېرىئالىست ئەمەللەرگە يارايدىغان ئىرقچىلىق،

مىللەت ھەقىقىتىنىڭ مەۋھۇم (سوبيېكتىۋ) ئۇنسۇرلىرىنى باھالىيالمىغانلىقىدەك مەدەنىيەت، تىل ۋە مەفكۇرەگە تېگىشلىك ئورنىنى بەرمىگەنلىكى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ھوقۇقىي مەۋجۇدىيەت بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن مىللەتچىلىك ئېقىمى بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئېرىقچىلىق، مىللەتنى ئۈستۈن، ئاستىن ئىرق دەپ ئايرىغاچقا زامانىۋى مىللەتچىلىك تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن باراۋەرلىك پرىنسىپىغا، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت چۈشەنچىسىگە زىتتۇر.

ماركىس ئېنگىلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ نەزىرىدە مىللەت پەقەت ئىقتىسادىي شارائىتلاردىن پەيدا بولغان. ئىقتىسادىي شارائىتلارنىڭ ئۆزگۈرۈشى بىلەن يۇقۇلىدىغان قالاق ئىجتىمائىي تەرتىپ دەپ قارالماقتا. ماركسىزىم، مىللەت ۋە مىللەتچىلىكنى دۇنيا ئىشچىلىرىنىڭ ۋەتەنلىرىنى ئۇنۇتۇپ، مىللەتلىرىنى تەرك ئېتىپ، بىرلىشىشكە توسقۇن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىدۇ.

مەنبە 64 : 65. 66 ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» 395 – بەت.

ماركسىزىمچىلار پۈتۈن دۇنيا ئىشچىلىرىنىڭ بىرلىشىشى بىلەن مىللىي چېگرالارنىڭ ۋە مىللەتچىلىكنىڭ تۈگەيدىغانلىقىدىن ئۈمىد كۈتكەن ئىدى. ئەپسۇسكى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى شەرقىي ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا باش كۆتەرگەن مىللەتچىلىك ئېقىملىرى خەلقئارا كوممۇنىزىمنىڭ خەلقئارا سىياسەتتىكى قىممىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. مىللىي مەنپەئەتنىڭ كوممۇنىزىم مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. كوممۇنىزىمنىڭ ھالاك بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

مەنبە 66 : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» 395 – بەت.

ئۇيغۇر خەلقى، ئىرقى، تىلى، دىنى، مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆرپ – ئادەتلىرى ۋە تارىخىي مەۋجۇدىيەتلىرى جەھەتتە خىتاي مىللىتى بىلەن ھېچبىر ئورتاقلىقى يوقتۇر. ئۇ ئورال-ئالتاي تىل سىستېمىسى چاغاتاي تىل گۇرۇپپىسىغا ئائىت بىر مىللەتتۇر. كلاسسىك مەنادا بۈيۈك تۈرك مىللىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەمما ھاكىم مىللەت (خىتاي مىللىتى)

قارشىسىدىكى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدىنى ۋە جۇغراپى ئىمكانىيەتلىرىدىن قارىغاندا ئۇيغۇر مىللىتى بولۇشقا ھەقلىقتۇر. ئۇنىڭ مىللى غايىسى ۋە مىللەتچىلىك چۈشەنچىسى ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى تارىخى ئېڭىدىن، مىللى مەنپەئىتىدىن، ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنى سەۋىيەسىدىن جۇغراپى شەرت – شارائىتلىرىدىن چىقىش نۇقتا قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.

بىر مىللەتنىڭ ئازاتلىقىدا مىللى غايىگە يۈزلىنىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكى مىللى تارىخى ئېڭىنى ئىدراك قىلىشى ئارقىلىق ئىگەللىنىدىغان بىر ھەقىقەتتۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى ئازاتلىق غايىسى، ئۇنىڭ مىللى تارىخى ئېڭىنى ھەقىقى تۈردە ئىدراك قىلىش ئارقىلىق ئىگەللەنمىگەنلىكى، تارىخى مەۋجۇدىيىتىنى ئۆز– ئۆزىدىن ئىنكار قىلىشقا ھەتتا مۇستەملىكچى كۈچلەرنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىشىغا كىرى كەلگەندە ئۇجۇقتۇرىدىغان كوزىر قىلىۋىلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقى مەلۇم.

بۇ نۇقتىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىستانبۇل باش كونسۇلى ۋو كىمىڭ نىڭ «جۇڭگودا شەرقىي تۈركىستان دېگەن بىر بۆلگە يوق، جۇڭگودا ياشايدىغان تۈركلەرمۇ يوق، ئۇلار ئۇيغۇردۇر، شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنداق بىر دۆلەت بولغان ئەمەس. بولغان تەقدىردىمۇ پەقەت بىر ئىككى كۈن ياشىغان، بەزى

كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىغان بۇ بۆلگە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ بۆلگىسىدۇر.» 67 دېگەن باياناتىدىن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

مەنبە 67 ؛ «تۈركىيە زامان» گېزىتى 1987 – يىل 23 – ئۆكتەبىر. سۇلايمان ئوپال – شىرىن كاباكچى،

ھالبۇكى، تۈركلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلمايدىغان خىتايلار بىلەن تەڭ بولۇپ، زامانىنى بىھودە ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، ئۇلار ئۆزى تەكىتلىگەن «ئۇيغۇر» نىڭ كىملىكىنى ئۆزىگە ئوبدان

تونۇتۇپ، مىللى مۇستەقىللىق داۋامىزنى ئىنكار قىلىشقا زېمىن ھازىرلاتماسلىقىمىز لازىم.

مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى: خەلقىمىز تۈرلۈك پۇتلىكاشاڭلار تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تېخى تونۇپ يېتەلىگىنى يوق. بۇ ھەقتە مۆھتەرەم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئۆزىنىڭ كۆرەش خاتىرىلىرىدا شۇنداق دەيدۇ: «خەلقىمىزنىڭ كۆپچۈلۈكى ئۆزىنىڭ تۈركلىكىنى بىلمەيتتى، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە خەت ساۋاتىڭ بارمۇ؟ دېسە مەن تۈرك دەيتتى»

مەنبە *68* : ئەيىنى ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن تۈركچە نەشرى *464* – بەت. ئىستانبۇل *1985*

مېنىڭچە ئاساسى قاتلاملاردىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ھېلىھەم شۇنداق. تىل– تارىخ ساھالىرىدا مەلۇم سەۋىيەگە ئىگە كىشىلەر ۋە تۈركولوگلار ئۆزىنىڭ تۈرك تىل سىستېمىسىغا ئائىت بىر مىللەت ئىكەنلىكىنىلا بىلىدۇ، خالاس. ئۆزىنىڭ تۈركلىگىنى بىلەلمىگەن خەلق، ئۆزگىنىڭ تۈرك دېمەسلىكىدىن كايىشى مەنتىقسىزدۇر.

بۇ ھالدا تۈركلىكتە چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۇيغۇرلىقىمىزنى ئىنكار قىلىش قولىمىزدىكى كوزىرنى دۈشمەنگە تۇتقۇزۇش دېمەكتۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى مەۋجۇدىيىتىگە كۆز يۇمىدىغان دوستلىرىمىز ئەلۋەتتە ھېچ بولمىسا «مىللەت» سۆزىنىڭ تۈرك تىلىدىكى ئىستىمال شەكلىنى ئوبدان ئىدراك قىلىپ بىھۇدە تەنقىتلەردىن ساقلانغىنى تۈزۈك.

پروفېسسور ھەسەن ئەرەن تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، تۈرك تىلى ھەيئىتىنىڭ تۈركچە سۆزلىرىدە: مىللەت – ئەرەبچە سۆزدۇر.

*1.* كۆپ ھاللاردا، ئەينى تۇپراقلاردا ياشايدىغان، ئارىلىرىدا تىل، تۇيغۇ، غايە، ئەنئەنە ۋە ئۆرپ – ئادەتلەر بىرلىكى بولغان ئىنسان توپلىمىدۇر. تۈركچە - «ئولۇس» دېمەكتۇر. مەسىلەن :

*Bu eser Türk milletinin hürriyet ve istiklal fikrinin layemut .2 .abidesidir. Atatür*

(بۇ ئەسەر تۈرك مىللىتىنىڭ ھۆررىيەت ۋە ئىستىقلال پىكرىنىڭ ئۆلمەس ئابىدەسىدۇر. ئاتاتۈرك) .

2 . ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە جامائەت. مەسىلەن :

(شوپۇر خەخ دېگەن قۇۋ بولىدۇ.) .*Şöför milleti bu, gözü açık olur*

(خوتۇن خەقنىڭ كۈنچىلىكى تۈگىمەيدۇ.) .*Şu kadın milletinin kıskançlığının hiç sonu yok*

3 . بىر يەردە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى. ھەممەيلەن. مەسەلەن :

(مىللەت مەجلىسى، ھەممەيلەن مەيدانغا توپلىنىپتۇ.) .*Millet Meclisi. Millet meydana toplanmış*

دەپ ئىزاھلانغان. مەنبە *69* : ھەسەن ئەرەن: تۈركچە سۆزلۈك، *1062* – بەت.

يەنى تۈركچىدىكى «مىللەت» سۆزى ئۇيغۇرچىدە «خەخ» دېمەكتۇر.

دېمەكچى بۇ يەردىكى مىللەت مۇنازىرسى ئۇيغۇرنى تۈركلىكتىن ئايرىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى سىياسى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن مەۋجۇدىيەتكە قايرىش مەسىلىسىدۇر. «شوپۇر خەخ - شوپۇر مىللىتى»، «خوتۇن خەخ -خوتۇن مىللىتى» دەپ ئىزاھلانغان . تۈركىيە تۈركچىسىدە ئەجابا «ئۇيغۇر خەخ - ئۇيغۇر مىللىتى» دېيەلمەسمۇ؟

*840 yılında Orhun sahasından ayrılıp, Beşbalık ve Koçu mıntıkasna yerleştikten sonra ziraetçi ve tüccar bir millet olarak yaşadılar. [ Zeki Velidi Togan: age. 99 s.]*

16. ئەگەر. ھەر ئىشتا بىر مەنتىقەنىڭ بارلىقىنى، مىللىتىم ئۇيغۇر ۋەتىنىم شەرقى تۈركىستان دېيىشىنىڭ مەنتىققە سىغمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا يا مىللىتىم ئۇيغۇر ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستان، يا مىللىتىم تۈرك ۋەتىنىم تۈركىستان دېيىشنىڭ تېخىمۇ مەنتىقلىق ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى، بۇ مەنتىقسىزلىقنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى تونۇتۇشتىكى ئەڭ بۈيۈك توسالغۇ ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

17. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقىنى ئىمكانىسىز بۈيۈك تۈركىستان خام خىيالىنىڭ سەركەردىسى قىلىۋېلىشتىن، ئۇيغۇر ئېلىنى بۇ خام خىيالىنىڭ تەجرىبە ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىشنى، پۈتۈنى يوق داۋانىڭ پارچىسىدا، غەربى يوق داۋانىڭ شەرقىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

*Ziya Gökalp ise, "Türkçülüğün Esasları " adlı kitabında,"Oğuz, Tatar, Kırgız, Özbek ve Yakutları birleştirecek ülkünün gerçek olması mümkünmü ?" sorusunu sormuş. Sonra da "uzak ülküler için bu soruya cevap aranmaz. Çünkü uzak ülküler, ruhi heyacanı yükseltmek için çok çekici bir hayaldır." karşılığını vermiş. Hürriyet Gazetesi : 18 s. 20 Ekim 1994*

18. ئەگەر تۈرك دۇنياسىنىڭ مەنىۋى رەھبىرى، يەگانە ئۇمىت بۇلىغى، باش پاناھى ئەزىز تۈركىيەنى ئاياشنى، بىھۇدە خىجىل قىلماسلىقنى، كىچىك مەنپەئەتى ئۈچۈن بۈيۈك مەنپەئەتىنى قۇربان قىلمايدىغانلىقىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

19. ئەگەر تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش ھاكىمى (جۇمھۇرباشقانى) مۇھتەرەم رەجەپ تايىيپ ئەردوغان نىڭ جۇمھۇرباشقانلىق سولىتىدىكى 16 يۇلتۇزنىڭ بىر دانىسى

تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بەلگىسى (سولەتتىكى قاراخانىلار دۆلىتىمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ) ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى ھەقىقەتنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

*20*. ئەگەر، تارىختا ئۆز نامىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتراپ قىلىغۇدەك دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش ھاكىمى نىڭ سولىتىدىكى *16* يۈلتۈزنىڭ ئىچىدە تىگىشلىك يېرى بولمىغان) قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تۈركمەن، ئازارى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەۋىت ئىتتىپاقىنىڭ چوكۇشى سايىسىدا مۇستەقىل قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇۋالغاندىن كىيىنمۇ ئۇلاردىن ئىلھام ئالماي، ئۇيغۇر كىملىگىگە ساھىپ چىقماي يەنىلا پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزىم غايىسىگە تايانغان شەرقى تۈركىستان داۋاسىدا چىڭ تۇرۇۋىلىشنىڭ بۈيۈك خاتالىق ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق.

*21*. ئەگەر، دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئەنئەنە مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشنى. بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيەدە بۇ تەرزدە خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان، دۇنيا جامائىتى ھەتتا خىتاي تارىخچىلىرى تەرىپىدىنمۇ ئېتراپ قىلىنغان *1270* يىللىق تارىخى ئۇيغۇر دۆلىتى *(744* – *1335* ) ئەنەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنىمىز تۈزۈكمۇ ياكى تارىختا قۇرۇلۇپ باقمىغان تۈركىستان دۆلىتىگە ياكى دۇنياچە ئېتراپ قىلىنمىغان *85* يىللىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنىمىز تۈزۈكمۇ ؟ دىگەن سوئالغا باشقاتۇرۇشنى، *85* يىللىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋىلىشنىڭ ھىچقانداق مەنتىقى ئاساسىنىڭ يوقلىغىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

*22*. ئەگەر تۈرك دۇنياسىنىڭ تارىخىدا "تۈركىستان"كەلىمەسىنىڭ بىر جوغرافى ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى، "تۈركىستان" نامىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتراپ قىلىنغان بىر دۆلەتنىڭ تېخى قۇرۇلۇپ باقمىغانلىغىنى، 'تۈركىستان" نامىدا دۆلەت قۇرۇش پەقەت ئۇيغۇرنىڭ ئىشى ئەمەسلىكىنى، پۈتۈن تۈرك نەسلىنىڭ ئورتاق كورىشى بىلەن ئەمىلىلەشەلەيدىغان ئالامشۇمۇل ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

*23.* ئەگەر بەزى سىياسەتچىلەر تەرىپىدىن بۈيۈك تۈركىستان داۋاسىنىڭ سىياسى دەستۇرى قىلىنغان، ماھمۇت قەشقىرىنىڭ "دىۋانى لۇغەتىت تۈرك" ئەسىرىدە "تۈركىستان" ياكى "تۈرك ئىلى" كەلىمەلىرىنىڭ داخىل قىلىنمىغانلىقىنى يەنى، ئۇ دەۋىرلەردە تۈركىستان كەلىمەسىنىڭ تېخى قوللىنىلمىغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

*24.* ئەگەر تۈركىستان نامىنىڭ تۈركىيەدە تەنزىماتتىن كىيىن ( *1839- 1895* ) زىيا پاشا ۋە نامىق كەمال تەرىپىدىن تۈركىيە ئۈچۈنمۇ قوللىنىلغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

*Halbuki, “Türkistan” tabiri de Türkiye'de Tenzimattan ) )sonraları, Ziya Paşa ve Namık Kemal tarafından “Türkiye”yerine kullanımıştır. Mesala; Ziya Paşa “Türkistanın esbab-ı tedennisi”diye “Türkiye ”hakkında bir makale yazıyor ve Namık Kemal de Fransızların “Juenes Turcs” tabirini “Türkistan erbab-ı Şebabı”şeklinde Türkçeye tercüme ediyordu. “Türkiye” menasında kullanılan bu “Türkistan” tabirine bazı fermanlarda bile tesadüf ediliyordu. Hatta Sultan Reşad'ın son Avusturya İmparatoru Şarl'a verdiği fahri müşirlik fermanında “Biz kibi lutf-i Mevla Türkistan ve şamil olduğu bilcümle memalik buldanin padişahı ...”şeklinde bir ibare vardır.*

*İsmail Hami Danişmendi : Türklük Meseleleri, 121 s. İstanbul, 1966, ] Dr. Muhabay Engin'in : Türkistan meselesinde Tek Kavram, Doğu [ Türkistan'ın Sesi, 15 s. 17 sayı, 1988*

*25.* ئەگەر تۈركىستان نامىدا دەۋلەت قۇرۇش ئۈنچە ئوڭاي بولىدىغان بولسا، تارىختا تۈركىستان نامىنىڭ تۈركىيە ئۈچۈنمۇ قوللىنىلغانلىقىغا ئاساسەن، تۈركىيەنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزنامىنى تۈركىستان دەپ ئۆزگەرتىپ باشلامچىلىق قىلىپ بەرسە تېخىمۇ ئوبدان ئورنەك بولىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلىشنى خالىساق،

*26.* ئەگەر خىتايدا دوختۇرلۇق ئوقۇپ تۈركىيەدە ستراتىگىيە مۇتەخەسسىسى بولۇپ

يىتىشكەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەفەندىنىڭ «ئۇيغۇر داۋاسى تۈركىيەنىڭ مەنپەتىگە ماسلاشقۇلۇق» ھەققىدىكى شۇئارىنى چۈشۈنۈپ يىتىشنى خالىساق،

*27.* ئەگەر شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ تەۋرەنمەس جەڭچىلىرىدىن مەمتىمىن ھەزرەت ئەفەندىنىڭ «ئەجدىرھانىڭ قورقۇسى - تۈركىيە» ناملىق ئەسىرىنىڭ «پەقەت كۈرت مەسىلىسىنى ھەل قىلالىغان تۈركىيەلا ئۇيغۇر مەسىلىسگە پايدىلىق بولالىشى مۇمكىن» دىگەن خۇلاسىسىنى، ئەزىز تۈركىيەنىڭ كۈرت مەسىلىسى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق

*28* ئەگەر مەشھۇر تۈرك مەتبۇئاتچىسى ئابدۇراخمان كىلىچ تەك تۈركچى دوستلارنىڭ تۈركىيەدىكى كۈرت مىللەتچىلىك خەۋپىنى توساشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولى دۇنيا تۈركلىگى دەپ قارايدىغان تەشەببۇسىنى چۈشۈنۈشنى، تەھلىل قىلىپ بېقىشنى خالىساق،

*29.* ئەگەر *97%* لىق ئازىيە زىمىنى، *3%* لىق ياۋرۇپا زىمىنى ۋە *90%* لىق مۇسۇلمان نوپۇسىغا ساھىپ ئەزىز تۈركىيەنىڭ ياۋرۇپا بىرلىگىدىن ئىبارەت بۇ سىياسى بىرلىككە كىرىشتە چىڭ تۇرۇۋشتەك قەتئى ئىرادىسىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

*Cumhurbaşkanlığı Hükümet Sistemi'nin ilk Reform Eylem Grubu toplantısından Avrupa Birliği'ne yönelik üyelik olsun ya da olmasın 'siyasi reform sürecinin hızlandırılması' kararı çıktı.*

*Dışişleri Bakanlığı Avrupa Birliği (AB) Başkanlığında düzenlenen 4. Reform Eylem Grubu Toplantısı'na, Dışişleri Bakanı Mevlüt Çavuşoğlu, Adalet Bakanı Abdulhamit Gül, Hazine ve Maliye Bakanı Berat Albayrak ile İçişleri Bakanı Süleyman Soylu katıldı. Çavuşoğlu, 3 yıl aradan sonra dün yeniden toplanan Reform Eylem Grubu toplantısının ardından ortak basın toplantısında, özellikle siyasi reform sürecinin hızlandırılması konusunda mutabık kalındığını açıkladı. http://*

*www.hurriyet.com.tr/gundem/abye-uyelik-atagi-reformlar-hizlanacak-40940897*

ئامېرىكىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق سابىق باشئەلچىسى *Morton Abramowitz* (مورتون ئابراموۋىتز)، تۈركىيەدە ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى خۇسۇسىدا ئورتىغا چىققان ۋەزىيەت ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، «تۈركىيەنىڭ تەقدىرى ئورتا ئاسىيا ئەمەس» دېدى. تۈرك– ئامېرىكا دوستلۇق مەجلىسىنىڭ *1992* – يىلى *15* – فېۋرال كۈنى بەرگەن «ئىسىل خىزمەت» مۇكاپاتىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر نۇتۇق سۆزلىگەن مورتون ئابراموۋىتز «پانتورانىزىم» ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى تىلغا ئالدى. ئۇ تۈركىيەنىڭ ئورتا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىنى قوللاش بىلەن بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان زامانىۋى رولىنىڭ تۈركىيەنىڭ غەرب بىلەن پۈتۈنلىشىشكە يۈزلەنگەن ئاخىرقى مەخسەتلىرىدە خاتا يولغا كىرىپ قالماسلىقى كېرەكلىكىنى ئىپادىلەپ «تۈركىيەنىڭ تەقدىرى غەربتۇر، يەنى يېڭىلىق، زامانىۋىلىق بار يەردۇر» دېدى.

مەنبە. *147* تۈركىيە «ھۆررىيەت» گېزىتى *1992* – يىل *17* – فېۋرال *22* – بەت

مورتون ئابروموۋىزنىڭ بۇندىن *26* يىل ئاۋۋال «تۈركىيەنىڭ تەقدىرى ئورتا ئاسىيا ئەمەس، تۈركىيەنىڭ تەقدىرى غەربتۇر، يەنى يېڭىلىق، زامانىۋىلىق بار يەردۇر» دىگەن نەسىھەتلىرى ھىلىھەم كۈچگە ئىگە بولغاچقا، تۇركىيە ھوكۇمىتى يېقىندا ئاۋرۇپا بىرلىكىگە كىرىشنىڭ سىياسى جەريانلىرىنى تىزلىتىش خۇسۇسىدا پىكىر بىرلىكىگە كەلگەنلىكى مەلۇم. ھەرھالدا، تۇركىيە تۇرك دۇنياسىنىڭ سىياسى بىرلىكى بىلەن ئاۋرۇپانىڭ سىياسى بىرلىكى ئارىسىدىكى مەنپىئەت ھىسابىنى تارازىغا سېلىپ ئوبدان دەڭسەپ باققان بولسا كېرەك...بۇ ۋەزىيەتتە تۇركىستانچى سىياسەتچىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى كونا پانتۇركىزىم ياكى يېڭى ئوسمانىزىم خام خىيالىغا باغلىۋېلىشى ئوز-ئوزىمىزنى ئاۋارە قىلماقتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ...

*30*. ئەگەر مەشھۇر تۇرك مۇتەفەككۇرى زىيا گوكئالىپنىڭ تۇركچىلىك پىرىنسىپلىرى ئىچىدە، ھەققانىيەت ساھاسىدا (ئىشقا يارايدىغان ) تۇركچىلىكنىڭ تۇركىيەچىلىك ئىكەنلىكى

ھەققىدىكى تەۋسىيەسىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

*Ziya Gökalp'a göre Türkiyeçilik:*

*Mefküre, geleceğin yaratıcısıdır. Dün Türkler için hayali bir mefküre halinde bulunan milli devlet, bugun Türkiye'de bir gerçek halini almıştır. O halde Türkçülüğü, mefkûresinin büyüklüğü noktasından, üç dereceye ayırabiliriz.*

*1) Türkiyecilik*

*2) Oğuzculuk yahut Türkmencilik*

*3) Turancılık*

*Bugün, gerçeklik sahasında, yalnız» Türkiyecilik« vardır.*

*Ziya Gökalp Türkçülüğün Esasları 28s. Milli Eğitim Basımevi 1990 Ankara*

31. ئەگەر تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى جۇمھۇرباشقانى رەجەپ تايىيپ ئەردوغاننىڭ 2018. يىلى 2. سېنتەبىر كۈنى قىرغىزىستان نىڭ چولپاناتا شەھرىدە ئېچىلغان 6. قېتىملىق تۈرك دۇنياسى رەھبەرلىرى كېڭىشىدە "پەلەستىن تۈرك دۇنياسىنىڭ ئىشىدا ئەمەس" دېگەنلىكىنى، شەرقى تۈركىستاننى ھېچ ئاغزىغا ئالمىغانلىقىنى توغرى چۈشىنىشنى، يەنى شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى يېڭى ئوسمانىزىم غايەسى داخىلىدە ھەل قىلىشتىن بىشارەت بەرگەنلىكىنى ئېدراك قىلىشنى خالىساق، ( سۇرىيەدە جەڭ قىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىق مۇجاھىتلار بۇ خەۋەردىن ئىلھاملىنىپ پەلەستىنگە كىتىپ قالمىسۇن يەنە... ھېزى بولغايسىلەر ...)

هالەپ، شام ۋە قۇددۇس (پەلەستىن) ياۋۇز سۇلتان سېلىم تەرىپىدىن 1516.يىلى ئىشغال قىلىنغان، 1831. يىلى ئىبرابىم پاشا تەرىپىدىن ئوسمانلىنىڭ بىر پارچىسى ھالىغا كەلتۈرۈلگەن.

*Kuruluşinin 704. Yilida Osmanlı 299 s. NESA Basın YayınOrganizasyon Tic. A.Ş. Ekim 2006*

*İbrahim Paşa, 1831 yılında Kudüs'e girdi. Bu şekilde Şam ve Kudüs yönetiminin bir parçası haline geldi.*

*kaynak: http://www.on5yirmi5.com/haber/dunya/ulkeler/222783/osmanli-doneminde-kudus.html*

32. ئەگەر ئۇيغۇرخەلقىنىڭ مىللى مۇستەقىللىق داۋاسى ئۇچۇن باش قاتۇرۇۋاتقان، جان كويدۇرۇۋاتقان بارلىق شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇيغۇر كىملىگى، ئۇيغۇر ئۇزلۇكى، ئۇيغۇر ئىلى، ئۇيغۇر دەۋلىتى ۋە ئۇيغۇرىزىم يولىدا بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىرجان- بىر تەن بولۇپ بىرلىششكە، ئارىلىرىدىكى بىھودە ئىختىلاپ ۋە جىدەل-ماجرالىرىنى ئۇيغۇر مىللى مەنپىئەتىنىڭ ئۇستۇنلىگى ئاساسىدا ھەل قىلىشىغا دالالەت قىلىشنى خالىساق،

33. ئەگەر تۈركىيەدە ئومۇملىششىپ قالغان "ئاتا ۋەتەن-تۈركىستان"، "ئانا ۋەتەن-تۈركىيە"، "بالا ۋەتەن-سىپرۇس " دىن ئىبارەت بۇ "ئۇچ ۋەتەن"، ئۇقۇمىنى چۇشۇنۇشنى، تۈركىيە ھوكۇمىتى ۋە خەلقىنىڭ شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا بولغان ھىسداشلىقىنىڭ تۇپ سەۋەبىمۇ ئوزلىرىنىڭ ئاتا ۋەتەن، ئاتا يۇرت- تۈركىستاندىن كەلگەنلىگىدىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

34. ئەگەر تۈركىيە ھوكۇمىتى ۋە خەلقىنىڭ ئۇيغۇر داۋاسىغا بولغان ھىسداشلىقىنى تۈركچىلىك خىيالى بويىچە ئەمەس، ئۇيغۇرلۇق رىيالى بويىچە، تۈركلەرنىڭ ئەسلى

ئۇيغۇرلاردىن تۇرلەنگەنلىگىنى بىلدۇرۇش ئارقىلىق كۈچەيتىشنىڭ تىخىمۇ مەنتىقلىق بولىدىغانلىغىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

*35*. ئەگەر خوتەنلىك ئۇيغۇرغا قارىغاندا تاشكەنتلىك ئۆزبەكنىڭ تىخىمۇ چۈشۈنۈشلىك ئىكەنلىگىنى، تارىخى ھادىسەلەر ۋەجىدىن “ئۆزبەكلىشىپ” كەتكەن بىرتۇقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تارىخى كىملىگىگە ساھىپ چىقىشنى، تەبىئى ھىسداشلىغىنى قازىنىشنى خالىساق،

*1992*. يىللىق تۈركىيە ئالى مەكتەپ ئىمتىھانلىرىغا تەييارلىق سوئال-جاۋاپلار كىتابىدا : ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئەھمىيەتلىرى نىمە؟ دىگەن سوئالغا شۇنداق جاۋاپ بېرىلگەن.

*Uygurlar, XIII. asırda dünyayı istila eden bu Moğol İmparatorluğuna, medeniyet üstünlüğü ile Uygur yazısını imparatorluğun resmi yazısı olarak kabul ettirdiği, damga tüzüğü ve devlet yöneticiliğini öğrettiği için, birçok bilginlere göre, Moğol İmparatorluğu, fiilen Uygur İmparatorluğu olarak da kabul edilmektedir. Dolayısıyla Uygurlar, Moğolların Türkleşmesinde de önemli rol oynayarak, Çağatay ve Özbek Türklerini ortaya çıkarmıştır.*

*http://www.allaturkaa.de/forum/index.php?page=Thread&postID=1115544*

"...تارىخقا نەزەر سالساق، ئۆزبەك ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئەزەل- ئەزەلدىن قانداش ۋە جانداش ئىكەنلىگىگە گۇۋاھ بولىمىز. بىزنى تىلىمىز ۋە دىنىمىز ئورتاق، ئەدەبىياتىمىز، سەنئىتىمىز، ئورپ-ئادەتلىرىمىز، ئەنئەنەلىرىمىزئوز-ئارا چىتىشىپ كەتكەن. شۇ مەنىدىن

ئالغاندا خەلقلىرىمىزنىڭ شىيخۇل مەشايىقى بولۇش ئەخمەت يەسسەۋى ھەزرەتلىرى ھەققىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا جاراڭلىشى تەبىئى ھالدۇر. بۇنداق ئىزگۇ ئىشنى قۇتلۇقلىماق لازىم..."

سائىدۇللا سىيايېف (ئوزبەكىستان) ئەھمەت يەسسەۋى 4. بەت مۇئەللىپتىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۈرۈمچى 2008

36. ئەگەر تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى 1982 ئاساسى قانۇنى 66. ماددەسىدىكى "تۈرك دەۋلەتىگە ۋەتەنداشلىق رىشتىسى بىلەن باغلانغان ھەر كىشى تۈركتۇر. " دىگەن ئىبارە بويىچە تۈرك كىملىگىنىڭ قانۇنى ئۇقۇمىنى چۈشۈنۈشنى، خىتاي ۋەتەندىشى بولغان ئۇيغۇرلارنى قانۇنى جەھەتتىن تۈركچىلىك ئىڭىغا دالالەت قىلىشنىڭ تۈركىيە قانۇنىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

37. ئەگەر ئۇيغۇر ئىلى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنى تارىخى مۆجىزەلىرى، يادىكارلىقلىرى، يالدامىلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇتۇشنى ۋە تونۇلۇشنى خالىساق،

38. ئەگەر تۈرك تىلىدا" مەدەنىيەت" مەنىسىدە كەلگەن - *Uygarlık*" ئۇيغارلىق "سوزىنىڭ تارىخى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن شەكىللەنگەنلىكىنى يەنى، ئۇيغارلىقنىڭ ئۇيغۇردىن كەلگەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

39. ئەگەر، خىتاي ئۇيغارلىقىنىڭ (مەدەنىيىتىنىڭ) ئەسلىدە ئاتا-بوۋىلىرى تەرىپىدىن ئۇلارغا مىراس قىلىنغان ئۇيغۇر ئۇيغارلىقى ئىكەنلىكىنى، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئۇيغارلىق (مەدەنىيەت) ئۇستۇنلىكىنى ھەرگىز ئىچىگە سىڭدۇرەلمەيدىغانلىقىنى، نوۋەتتىكى

ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ خۇددى گېتلېرنىڭ يەھۇدى قىرغىنچىلىقىدەك بىر مەدەنىيەت قىرغىنچىلىق ھادىسەسى ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

*The Chinese civilization is referred to and looked upon as one of the very old ones. As a Chinese civilization it dates back only about 5000 years. It is popularly believed that the Chinese themselves developed their civilization. They did not.. The Chinese civilization, therefore, was the Uighur civilization handed to them by their fathers. Chinese legends tell that the Uighur were at the height of their civilization about 17,000 years ago. This date agrees with geological phenomena.*

【*James Churchward: The Children of Mu 224, 225 p. Brotherhood of Life Albuquerque New Mexico USA 1998*】

